# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتى  شىنجاڭ گېزىتى  新疆日报

2021 - يىل 3 - ئاي
1
دۈشەنبە
维吾尔文 3 月1日
25347 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W  پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57  تىيانشان تورى: www.ts.cn


## «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

# جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى كۈچلۈك قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشردىن چىقىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 5 - سانىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى كۈچلۈك قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك» دېگەن مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئوقۇش يېتەكچىسى

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى

### جۇڭگوچە نامراتلار سانىنى ئازايتىش يولى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەزەرىيە جەۋھىرى

— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

3 - بەتتە

# مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭغا خىزمىتىدىن دوكلات بەردى

## شى جىنپىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقتى ھەم مۇھىم تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىلىرى ھەر يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭغا خىزمىتىدىن يازما دوكلات بېرىدۇ. يېقىندا ئالاقىدار يولداشلار بەلگىلىمە بويىچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭغا خىزمىتىدىن يازما دوكلات بەردى. شى جىنپىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقتى ھەم مۇھىم تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، «14 - بەش يىل» باشلانغان يىل. «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەۋقەنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە قويۇپ، ئۇلۇغۋار پىلاننى چىڭ كۆزلەپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 28 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرى تەتقىق قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى تەنتەنىلىك جاكارلاپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتى ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ شانلىق مۇساپىسى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر خۇلاسىلىدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇلۇغ كۈرىشى تاۋلاپ شەكىللەندۈرگەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يولىدا مېڭىش، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قارىتا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئارزۇغا ئىنتىلىش، ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتتى، يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلىش جاسارىتى ۋە غەيرىتىنى زور دەرىجىدە قوزغاتتى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ۋەزىيەتكە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قوشۇپ، داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك. ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى چوڭقۇر تونۇش كېرەك. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويدى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# يېڭى ئىدىيەنىڭ ئەقىل - پاراسەت نۇرىنى ھېس قىلىش

## — «يېقىشلىق ‹سۆز›لەر — شى جىنپىڭ ياقتۇرغان ئۆرنەكلەر»(2 - بۆلۈم) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا چىقارغان «يېقىشلىق ‹سۆز›لەر — شى جىنپىڭ ياقتۇرغان ئۆرنەكلەر»(2 - بۆلۈم) نۆۋەتتە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا قىزغىن قويۇلۇۋاتىدۇ. پىروگراممىدا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى مىزان قىلىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەڭ يېڭى مۇھىم سۆزلىرى، ماقالىلىرى، سۆھبەتلىرىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن قەدىمكى دەۋردىكى كىتابلار ۋە كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى ھېكمەتلىك جۈملىلەر يېشىپ چۈشەندۈرۈلۈش ئارقىلىق، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە بولغان چوڭقۇر چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭدىن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەقىل - پاراستىنى قوبۇل قىلىش ئىدىيەسى جانلىق نامايان قىلىندى، باش شۇجىنىڭ خەلقچىل ھېسسىياتى چوڭقۇر نامايان قىلىندى، كۆپچىلىك بۇنىڭدىن يېڭى ئىدىيەنىڭ ئەقىل - پاراسەت نۇرىنى ھېس قىلدى، تەربىيەگە ئىگە بولدى، تونۇشى ئۆستى. پىروگرامما كۆرستىلگەندىن كېيىن، كەڭ كۆلەمدە ياخشى باھاغا ئېرىشتى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ سىجىل دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى، ئىنكاس قىزغىن بولدى.

«مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن». پىروگراممىنىڭ 1 - قىسمىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ 3 - سوت كوللېگىيەسىنىڭ كوللېگىيە باشلىقى جاڭ جياڭخۇا قاتتىق ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلىي مەقستى ۋە بۇرچى دەل جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايون پىكىر بېسىپ تارقاتتى

# سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **خېي خۇڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ئاپتونوم رايوننىڭ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پىكىر» دېيىلىدۇ)نى بېسىپ تارقىتىپ، نېفىت، نېفىت خىمىيە، كۆمۈر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى، ساياھەتچىلىك قاتارلىق ئون چوڭ كەسىپنى ئۇزارتىش زەنجىرى، تولۇقلاش زەنجىرى، كۈچەيتىش زەنجىرى شەكلىدىكى سودىگەر چاقىرىشنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىز كۆمۈر كانلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش نازارىتى، شىنجاڭ كۆمۈر كان بىخەتەرلىكى رېۋىزىيە ئىدارىسى قاتارلىق سەككىز تارماق «ئاپتونوم رايوننىڭ كۆمۈر كانلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش لايىھەسى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «لايىھە» دېيىلىدۇ)نى تۈزۈپ، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش تېخنىكىسى بىلەن كۆمۈرچىلىك كەسپىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى شياڭكۇ ئۇنىۋېرسال كەسىپلەر رايونىدىكى نېفىت، نېفىت خىمىيە كەسىپلەر رايونىغا جايلاشقان مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى تارىم ئېتاندىن ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىش تۈر قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا، 4200دىن ئارتۇق ئىشچى ئېسىپ قۇراشتۇرۇش، كەپشەرلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، تۈر قۇرۇلۇشىنى تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈردى.

□ **ياڭ كۈن فوتوسى**

### تۈر قۇرۇلۇشى تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈلدى

100 يىللىق كۈرەش يولى  يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

# بىر«كۆچۈپ»لا جاھاننىڭ كەڭلىكى بىلىندى  بەخت يولى ئېچىلدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جاۋاب قەغىزى ⑪

□ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ليۇ شياڭ**

تاغنىڭ ئىچكىرىسى، قۇملۇقنىڭ چېتىدە بىر يىل پايپېتەك بولۇپ جاپالىق ئىشلىسىمۇ، تىرىكچىلىكنىڭ غېمى يەنىلا باشنى قاتۇراتتى... ئىلگىرى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرغان كىشىلەر بۇنداق تۇرمۇش ھالىتىدە باشتىن - ئاخىر نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىدى.

«بىر جاينىڭ سۇ، تۇپرىقى شۇ جاينىڭ كىشىلىرىنى باقالماسلىق»تەك قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر قىلدى.

بىر«كۆچۈپ»لا جاھاننىڭ كەڭلىكى بىلىندى، گۈزەل تۇرمۇش سۈرەتتەك نامايان بولدى. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ 40 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىدىكى 169 مىڭ 200 كىشىنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن تاماملىدى. بۇ مەيدان «كەڭ كۆلەمدە كۆچۈش» نۇرغۇن نامرات ئاممىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى، ئۇلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا قەدەم قويدى.

### «قوشام تاملىق ئۆي»دىن خۇشال - خۇرام تۇرالايدىغان بولۇشقىچە

ئىشكنى ئېچىپ كىرگىنىمىزدە، ئازادە مېھمانخانا كۆزىمىزگە چېلىقتى. 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگىنىگە تۆت يىلدەك بولاي دېگەن بولسىمۇ، دەريا بويى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى گۈلسۇمخان ئوسماننىڭ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىپ ئىشىككە ئاچقۇچنى سالغان شۇ دەقىقىدە قولىنىڭ ئىختىيارسىز تىترەپ كەتكەنلىكى ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىدە.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)